# ھەرقانداق قۇل خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز توي قىلىدىكەن، ئۇ زىنا قىلغۇچىدۇر

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: ھەرقاندىق قۇل خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز نىكاھلانسا، ئۇ زىنا قىلغۇچىدۇر

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۈنەن دارىمىي"نا]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: قۇل خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز توي قىلىدىكەن، ئۇنىڭ نىكاھى توغرا بولمايدۇ، قىلغان كېلىشىمى بۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى زىنا قىلغۇچىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ نىكاھىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئايالنى ئايرىۋېتىش زۆرۈر بولىدۇ، چۈنكى قۇل ئۆز ئالدىغا توي قىلالمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58072